# كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ياساش ئەۋزەللىكنى ساقلاش

## —— «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» بويىچە يۈرۈشلۈك مۇلاھىزە: كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش

**جۇڭگو ئىقتىسادىنى يېقىندىن كۆزىتىش**

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شىنشىن، جياڭ لىن**

يېقىندا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتى سالمىقىنى زورايتىش تەكىتلەندى، بولۇپمۇ كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھازىر، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مىسلىسىز خىرىسقا دۇچ كەلدى. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىگە كاپالەتلىك قىلىش ناھايىتى زور دەرىجىدە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ ياسىمىچىلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ تەدبىرنىڭ ئەھمىيىتى ئالاھىدە.

### كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش

بۇ ئەتىيازدا، كەپشەرلەنگەن تۇرۇبا بىر مەزگىل نىڭبو يېشياڭ پولات ياسالغان ئۆي جاھازلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جياڭ جىڭلىينى ئەڭ ئەندىشە قىلدۇرغان ئىش بولۇپ قالدى. ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، بىرلەمچى خام ئەشيا بولغان كەپشەرلەنگەن تۇرۇبا تەمىناتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى شىركەتنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت جىددىي ئالاقىلىشىپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان بىرنەچچە تەمىنلەش سودىگىرىنى تاللاپ ئۇدۇللاشتۇرغاچقا، كارخانىنىڭ يۈرۈشۈشى نورماللاشتى.

ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرى ئۆزئارا تۇتاشقان بولۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇھىم تىرىكى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇن كارخانا بۇنىڭدىن كەلگەن بېسىمنى ھېس قىلدى. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى.

سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى خۇاڭ لىبىن مۇنداق دېدى: سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى 15 تارماق بىلەن بىرلىشىپ كەسىپ زەنجىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش مەخسۇس بەنزىسى قۇردى. ئالدىنقى باسقۇچتا نۇقتىلىق كەسىپ زەنجىرىدىكى 51 چوڭ تىپتىكى باشلامچى كارخانا ۋە 7300دىن ئارتۇق يادرولۇق يۈرۈشلەشكەن كارخانىنى رەتلەش ئاساسىدا، يەنە 41 باشلامچى كارخانا ۋە 379 يادرولۇق يۈرۈشلەشكەن كارخانىنى رەتلەپ چىقىپ، «بىر كارخانىغا بىر سىياسەت» قوللىنىپ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرتكىسىدە كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش.

ئاچقۇچلۇق «تۈگۈن نۇقتا»لارنىڭ راۋانلىشىشى بىرىنچى سەپتىكى ئىشلەپچىقىرىشقا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، 92 باشلامچى كارخانا 400 مىڭدىن ئارتۇق بىرلەمچى، ئىككىلەمچى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانا بىلەن ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان.

چېڭدۇ 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى داجوڭ چېڭدۇ شۆبە شىركىتىنىڭ 81 يەرلىك تەمىنلەش سودىگىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى تەكشۈرۈپ ئەستايىدىللىق بىلەن تولۇق تاماملىنىشىغا تۈرتكە بولدى؛ جياڭسۇ 491 باشلامچى تايانچ كارخانىنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ، تەمىنلەش زەنجىرىدىكى 1400دىن ئارتۇق كارخانىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى ماسلاشتۇردى... ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئالاقىدار جايلار ۋە تارماقلار «توسۇق نۇقتا»لارنى راۋانلاشتۇرىدىغان بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى كۈچەپ يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشتى. سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش باشلاش نىسبىتى ۋە ئىش ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 99.1% ۋە 95.1%كە ئۆرلىگەن بولۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەدرىجىي ھالدا نورمال سەۋىيەگە يېقىنلاشقان ياكى يەتكەن.

### ياسىمىچىلىق ئەۋزەللىكىنى مۇستەھكەملەش

10 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىش ئورنىغا بىخەتەر قايتىپ كەلدى، ئاقىل ـ نازۇك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلدى. 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا، لېنشياڭ ۋۇخەن كەسىپ بازىسىدا ئىلگىرىكى مەنزىرە ئەسلىگە كەلدى.

لېنشياڭ گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى، قوشۇمچە CEOسى ياڭ يۈەنچىڭ مۇنداق دېدى: گەرچە يۇقۇم بىر قىسىم ئۇششاق زاپچاسلارنىڭ تەننەرخىنى ئۆرلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن لېنشياڭنىڭ يەر شارىدا ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان تەمىنلەش زەنجىرى سىستېمىسىنىڭ پايدىسى بىلەن، قىسقا مەزگىلدە روشەن تەسىرگە ئۇچرىمىدى، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچىدىكى زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈردى.

دۆلىتىمىز پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ياساش سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن يەرشارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مەركىزى. تەمىنلەش زەنجىرى تورىنىڭ زورىيىشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماسلىشىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈم جۇڭگو ياسىمىچىلىقىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئەۋزەللىكى. ئەۋزەللىكنى ساقلاپ ھەم ئۇنىڭدىكى ئۈنۈمنى قېزىپ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشمۇ نۇرغۇن كارخانىنىڭ كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتى.

«چەت ئەللەردىكى كارخانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ خەۋپ ـ خەتىرى تەمىنلەش زەنجىرىنى كونترول قىلالماسلىقتا. بىز دۆلەت ئىچىدىكى تەمىنلەش سودىگەرلىرىگە ماسلىشىپ، ئورتاق تەتقىق قىلىپ ـ ئېچىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىلىرىنى يەرلىكلەشتۈرۈپ يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىنتايىن خالايمىز.» جياڭسۇ يۈيۆ داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يۈەن جىن مۇنداق دېدى: گەرچە بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قىسقا مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھەل قىلالمىسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا بۇ ئىنتايىن زۆرۈر.

بەزى قاراشلاردا مۇنداق قارالدى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم بەلكىم يەرشارىۋى كەسىپ زەنجىرىنى قايتا قۇرۇش خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىشى، بەزى دۆلەتلەر ئاچقۇچلۇق خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەردە ئۆز دۆلىتىنىڭ ياسىمىچىلىق كەسپىگە قايتىشنى تېزلىتىشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش، كەلگۈسى تەرەققىياتتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەشكە پايدىلىق.

سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى سەيدى تەتقىقات يۇرتى سىياسەت، قانۇن ـ بەلگىلىمە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لۇەن چۈن مۇنداق قارىدى: «كەسىپلەشكەن، سەرخىل، ئالاھىدە، يېڭى» بولغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ياسىمىچىلىق ئەۋزەللىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە زورايتىش، يەرشارىۋى ياسىمىچىلىق ئەندىزىسىنى تەڭشەشتە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا پايدىلىق.

### يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى ئورۇنلاشتۇرۇش

كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، يىراق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشتىكى مۇھىم ۋاستە.

ھازىر، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى تېز سۈرئەتتە كىرىپ يۇغۇرۇلدى، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، كەسىپلەرنىڭ ھەمكارلىق مېخانىزمى، بازار يۈرۈشۈش مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. يۇقىرى سۈپەتكە قاراپ قەدەم تاشلىغان جۇڭگو ياسىمىچىلىقى رەقەملىشىش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۆستۈرۈشكە ئېھتىياجلىق.

زەنجىرنى مۇستەھكەملەش، زەنجىرنى تولۇقلاش، زەنجىرنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، بولۇپمۇ ئىقتىسادنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىدا ئورۇنلاشتۇرۇشنى جەزمەن تېزلىتىدىغان نۇقتىلىق ساھەلەر، ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردا زور كۈچ سەرپ قىلىش، يادرولۇق تېخنىكا، خام ماتېرىيال ۋە ئۇششاق زاپچاسلار قاتارلىقلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، بولۇپمۇ ئاچقۇچلۇق ساھەلەر، نۇقتىلىق ھالقىلاردا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، مۇھىم خام ماتېرىيال، ئۇششاق زاپچاسلار ۋە ئاساسلىق ئەسلىھەلەر تەمىناتىغا كۈچەپ كاپالەتلىك قىلدى. بىر قاتار تەدبىرلەردە تەرەققىيات ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، باشلامچى كارخانىلارنى زورايتىش بىلەن بىللە، «كىچىك گىگانت» كارخانىلارنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

«بىزنىڭ ئېكولوگىيە زەنجىرىمىزدە 1 مىليونغا يېقىن ئوتتۇرا، كىچىك كارخانا بار، نەچچە مىليون ئاچقۇچى ۋە ھەمكارلىق ھەمراھى پەقەت ئىجادكارلىق كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەرگەندىلا، ئاندىن پۈتكۈل ئېكولوگىيە زەنجىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ» دېدى بەيدۇ CEOسى لى يەنخۇڭ.

ھازىر، كەسىپ زەنجىرى بىلەن تەمىنلەش زەنجىرى بىرلەمچى، ئىككىلەمچى ھالقىلارنىڭ ئاددىي جىپسىلىشىشى بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۆپ مەنبەلەشكەن مۇرەككەپ ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا قاراپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. باشلامچى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سۇپا كارخانىلىرىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق پايدا ئېلىش ئىدىيەسى ئارقىلىق كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى «ئىقتىدار»غا ئىگە قىلىش كېرەك.

رەقەملىك تېخنىكىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «يېڭى ئاساسىي قۇرۇلۇش» پۇرسىتىنى تۇتۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىرىكىشىنى زورايتىش كېرەك.

«5G، سانائەت ئالاقە تورى قاتارلىق رەقەملىك تېخنىكىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرى غايەت زور.» جۇڭگو ئۇچۇر ئالاقە تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى لىيۇ دو مۇنداق دېدى: 5G قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئادەم، ماشىنا، ماددىي ئەشيا ئومۇميۈزلۈك تۇتاشتۇرۇلغان سانائەت ئالاقە تورىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى تىپتىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق ھېسابلاش ئەسلىھەسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇچۇر، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنىڭ دەل جايىدا سەپلىنىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈمدە ئۇدۇللىشىشىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ماسلىشىشىنى كۈچەيتىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ۋۇخەندە ئىشلەپچىقىرىلغان پۈتۈن ئاپتوموبىل بېسىلغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى چېگرادىن چىقتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قورغاس ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى بىر قاتار تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى پائال ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۈزلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، يۇقۇمنىڭ كارخانىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى يېنىكلەتتى. پۈتۈن ئاپتوموبىلنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، تاموژنا كارخانىلارغا بىر قاتار مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتىپ بەردى ھەم مەخسۇس ئادەم، مەخسۇس ئىش ئورنى تەسىس قىلىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

شىنجاڭنىڭ سىرتقا يۈزلىنىش تىپىدىكى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان 15 تۈرلۈك تەدبىر، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىغا قارىتىلغان 12 تۈرلۈك تەدبىر ھەمدە ئۈنۈۋېرسال باجدىن خالىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سەككىز تۈرلۈك تەدبىرنى تارقاتتى. قورغاس تاموژنىسى ئالاقىدار تەدبىرلەرنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى مۇلازىمەت مەخسۇس كۆزنىكى تەسىس قىلىپ، 24 سائەت تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، مەخسۇس ئادەم پۈتۈن ئاپتوموبىل ئېكسپورتىنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولۇپ، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ تالونلارنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىز «جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى (ئۈرۈمچى) يىغىلىش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەسى (2020 ـ يىلىدىن 2024 ـ يىلىغىچە)»نى ئېلان قىلىپ، ئۈرۈمچى تۈگۈن مەركىزى قىلىنغان، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ مال يىغىش، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش، ئايرىش، ھېسابات قىلىشىغا مەدەت بېرىلىدىغان، ئالاتاۋ، قورغاس تايانچ نۇقتا قىلىنغان، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاموژنىدىن ئۆتۈشى، قولايلىق ئالماشتۇرۇشى ـ قاچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ماس تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«يىل بېشىدا مەكتەپ قىسقىچە تەرجىمھال ئىشلەش، يۈزتۇرا ئىمتىھان قاتارلىق جەھەتلەردە توردا تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرلىرىنى داۋاملىق يەتكۈزدى، نۆۋەتتە سىنىپتىكى يېرىمىغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇددىئانامىسى ھاسىل قىلدى» دېدى ئەلقەم.

يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتى ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى «بىرىنچى قول قۇرۇلۇش» سۈپىتىدە تۇتۇپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلدى. «مەكتەپ بارلىق خادىملار قاتنىشىدىغان بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، كەسىپكە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىنى ئۇدۇللاشتۇردى.» شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى يۈ خۇيخۇەن مۇنداق تونۇشتۇردى: مەكتەپ مەكتەپ رەھبەرلىرى، شۆيۈەن، فاكۇلتېت رەھبەرلىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئوقۇتقۇچىلىرى، سىنىپ مۇدىرلىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەخسۇس بەنزىسى قۇرۇپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇپىسى ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

قەشقەر داشۆسى «ئالاقە تورى + ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «24365» توردا تەكلىپ قىلىش سۇپىسى ۋە شىنجاڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تورىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەت چارىسىنى تۈزۈپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر پارچە خەت ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ توردا تىزىمغا ئالدۇرۇپ تەرجىمھالىنى يوللىشىغا، خىزمەت ئىزدەپ كېلىشىم ئىمزالىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. مەكتەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن شىنجاڭ «مىڭ مەكتەپ، ئون مىڭ ئىش ئورنى» توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى سۇپىسى قۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇش، رويخەتكە ئالدۇرۇش، مەلۇم قىلدۇرۇش، قىسقىچە تەرجىمھالنى يوللاشقا تەشكىللىدى. نۆۋەتتە بۇ سۇپىدا تىزىمغا ئالدۇرغان ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن 2000دىن ئېشىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارمۇ ئىدىيەسىنى پائال ئۆزگەرتىپ، تور «بۇلۇت سۇپىسى»دىن تولۇق پايدىلىنىپ تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ جۇڭمېيەن ئورۇقچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى باش نازارەتچىسى جاڭ لېي مۇنداق بىلدۈردى: «بوشلۇق قوش تاللاش سۇپىسى»دا سىرتقا چىقمايلا قىسقىچە تەرجىمھالغا ئېرىشكىلى، ياخشىلىرىنى تاللاش ئارقىلىق ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلغىلى بولىدۇ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ قولايلىق بولۇپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ كۆپ تاللاش پۇرسىتى بار.

بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردە 89 مىڭ 300 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. بۇ يىللىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئالاقىدار چارىلەرنى ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چوڭ بازىرىنى پائال تەشكىللەپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر، جىسمانىي مېيىپلەر بار ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» بويىچە تۈرگە ئايرىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىزگە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىش كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ كۆپىنچىسى چەت ـ يىراق جايلاردا بولۇپ، قاتناش قولايسىز، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا بەلگىلىك قىيىنچىلىق مەۋجۇت. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ بىر ئۇچى نامرات رايونلارغا تۇتىشىدۇ، بىر ئۇچى كەڭ بازارغا تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بازار مېخانىزمىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت كۈچلىرىنى نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈندۇر.

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش تاماملىنىدىغان يىل، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەربىر ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ھەممە ئادەم قاتنىشالايدۇ، ھەممە ئادەم كۆپرەك ئىش قىلالايدۇ. بىز ھەربىرىمىز ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرى بىلەن شەھەردىكى «كۆك ـ تاق» «ئاشلىق» «مېۋە»نى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇپ، ئازغىنا كۈچىمىزنى چىقىرىپ، تىرىشىپ نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى ياخشى سېتىش يولىدىن پايدىلىنىپ نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يول ئېچىپ بېرەلەيمىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)